# كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەردۇر

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەردۇر»
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمىي"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىنساننىڭ ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان يېقىنلىقىمۇ زىيادە بولىدۇ، چۈنكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى بىلەن قىلغان بارلىق ئەمەللىرى ئۇ كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ۋە ئەمەللىرىنىڭ ياخشى بولىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ئىشقا مۇۋاپىق كەلگەن كىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، ئىنسان ئاللاھنىڭ تائىتىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ياخشىلىق ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى بەزى ۋاقىتتا ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ئىنسان ئۈچۈن يامانلىق ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە شۇنداق بايان قىلىنغان: كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى؟ دېگەندە، «كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەردۇر»دېگەن، كىشىلەرنىڭ يامىنى قايسى؟دېگەندە، «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئەمەللىرى ئەڭ ناچار بولغان كىشىلەردۇر»دېگەن. ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 3-توم 305-بەت(2330) نومۇردا كەلتۈرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»ئالى ئىمران سۈرىسى 178-ئايەت. ئاشۇ كاپىرلارغا ئاللاھ مۆھلەت بېرىدۇ يەنى: ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلىدۇ، سالامەتلىكىنى ياخشى قىلىدۇ، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، ئوغۇل-قىز پەرزەنت ۋە ئاياللارنى بېرىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشىلىق بولمايدۇ بەلكى، ئۇلار ئۈچۈن يامانلىق بولىدۇ،-ئاللاھ بۇنداق بولۇشتىن ساقلىسۇن-چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان بۇ نېمەتلىرى بىلەن گۇناھ-مەسىيەتنى زىيادە قىلىدۇ. تىيبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ۋاقىت ۋە زامان خۇددى تىجارەتچىنىڭ سەرمايىسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان تىجارەتكە سەرپ قىلىشى كېرەك بولىدۇ. سەرمايە كۆپ بولغانسىرى كېلىدىغان پايدىمۇ كۆپ بولىدۇ، مەبلەغنى پاكىزە ئىشلارغا سەرپ قىلغان كىشى نىجات تاپىدۇ ۋە ئۇتۇق قازىنىدۇ، ئاساسلىق مەبلەغنى زايە قىلىۋەتكەن كىشى ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەستىن ئوپ-ئوچۇق زىيان تارتىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee